# جۇڭگۇونىڭ پارلاق يولى ـ

# سەن مىن جۇيى



ئاتا چىن سۇن ياتسىن ئەپەندى

www.uyghurkitap.com

# رەئىس جۇمھۇر جياڭ جىن-گۇونىڭ
# سەن مىن جۇيى
# توغرۇسىدىكى مۇھىم كۆرسەتمىلىرى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

## بىرىنچى، سەن مىن جۇيى —
## دۆلەتنى كۈچلەندۈرۈپ، خەلقنى كامىياب قىلىدىغان يېگانە يولدۇر.

بىزنىڭ مىللى مەسىلىكىمىز — ئىنسانى-ئەخلاقى مۇناسىۋە-تلەرگە ئاساسلانغان ئىلاھى ۋەسىيلىكدۇر. بۇ ھەقدە دوكتۇر سۇن ياتسىن شۇنداق دېگەن ئىدى: «ئەگەردە مىللىتىمىز ھالاكەتكە ئۇچرايدۇ، مەغلۇپ بولىدۇ، دېسە، بۇنىڭغا ھېچ كىم ئۇنىمايدۇ؛ شۇنداقلا، مىللىتىمىز ياشاي-دۇ، غالىبىيەت قازىنىدۇ، دېسە، ئۇنىڭغا ھەممە ئادەم ما-قۇل دەيدۇ. چۈنكى بۇ، ئىنسانىيەتنىڭ تەبىئى مەپكۇرىسى.» گەرچە مىللى مەسىلەك، مىللەتنىڭ كۈچلەنىشىنى قوللىغان بولسىمۇ، ئۇ، كۈچلىكلەرنىڭ ئاجىزلارنى بوزەك قىلىشى-غا، كۆپچۈلۈكنىڭ ئازچىلىقنى ئىزىشىگە قارشى، ھەمدە ئاجىزلارغا ياردەم قىلىپ، تاشقىرىغا قارىتا تەڭسىزلىكنى باراۋەرلىككە-مۇساۋاتقا ئېرىشتۈرگۈچىدۇر.

خەلق ھوقۇقى مەسىلىكى — كىشى ھەقلىرىگە، ئۇنىڭ مەپكۇ-رىسىگە نېگىزلەنگەن ھالدا، ھەر كىشىگە باراۋەر بولىدىغان ئادالەت تەرىقىتى» بولۇپ، دوكتۇر سۇن ياتسىن زامانى-مىزنى «خەلق ھوقۇقى دۇنياسى» دەپ تونۇيدۇ. شۇڭلاشقا خەلق ھوقۇقىنىڭ ھەقىقى مەنىسىنى، خەلق — ھوقۇق ئىگى-سى، ھۆكۈمەت بولسا ئىقتىدار ساھىبى، دېگەنلىك بىلەن مەيدانغا قويغان. ئۇ، بۇ ھەقدە شۇنداق تۈشۈنچە بېر-دى: «مېنىڭ خەلق ھوقۇقى مەسىلىكى دېگەن دەستلەپكى قارا-رىم خەلقچىلىق بولۇپ، بۇنىڭ ئارقاسىدىن خەلقچىلىق ھاكىم

مۇتلەقلىقىنى رەت قىلىشنى قارار قىلغانمەن.

خەلق تۇرمۇشى مەسىلىسى، بولۇپمۇ كىشىلىكنىڭ بارلىقىدا قېلىشى ( بەقاسى ) ئۈچۈن بولغان تۇرمۇش ئېھتىياجى بىلەن نىگىزلەنگەنلىكىدىن «خەلق تۇرمۇشى بولسا، تارىخنىڭ سالماق مەركىزى» دەيدۇ. كاپىتالىزىمدا، بارغانچە تۇغۇلىۋاتقان مىرەز نىمە دېسە، بايلارنىڭ بارغانچە تېخىمۇ باي بولۇشى، كەمبەغەللەرنىڭ تېخىمۇ كەمبەغەللىشىشى بولۇپ، بۇنى ھەر كىم بىلىدۇ. شۇڭلاشقا، كاپىتالىستىك ئەللەردىكى بەزى ئاق-لىق ھۆكۈمەت ۋە پەزىلەتلىك كىشىلەر، ئىجتىمائىي رىفاھ سىياسىتىگە ئۇيغۇن ئېغىر باج سىياسىتىنى قوللىنىپ، بايلار-نىڭ بايلىقىغا چەكلىمە بېرىپ، كەمبەغەللەرنىڭ تۇرمۇشىدىن خەۋەر ئېلىش يولىنى تۇتۇپ، بىزنىڭ خەلق تۇرمۇشى مە-سىلىمىزنىڭ جۇنغلۇشىگە قاراپ تەرەققى قىلماقتا. كوممۇ-نىزىمنى دېسە، ئۇ سەۋىتلەر روسىياسىدا بولغان دەست-لەپكى سىناۋدىلا ئاچلىق، ئۆلۈم، قورقۇ ياراتتى، خەلق ئامانلىق كۆرمىدى. بۇنىڭ نەتىجىسى، روسىيە كوممۇنىست پارتىيەسىنى يېڭى ئىقتىسادى سىياسەت يۈرگۈزۈشكە زورلىدى. ۋە بىر قەدەم ئىلگىرىلەپ ماركس ۋە لېنىن نەزەرىيەسىنىڭ ئىقتىسادى قۇرۇلۇشىنى (بۇنىيەسىنى) ئۆزگەرت-مەي تۇرالمىدى. شۇنداقىمۇ، ئۇلاردىكى مەپكۇرەۋىي تۈزۈم سەۋەبىدىن، بۇ ئۆلۈك چىگىش، قانداق قىلغان بىلەنمۇ، يەنە ھىچ يېشىلگىنى يوق. بۈگۈن، خاھى كاپىتالىست دۆلەتلەر بولسۇن ۋەياكى كوممۇنىست دۆلەتلەر بولسۇن ئۇلارنىڭ ھەممىسى دېگىدەك، يا ئوڭدىن ۋەيا سولدىن ئازدۇر-كۆپدۇر تۈزەلتىش قىلىۋاتماقدا. بۇ قانداق

بولغىنى دېسە، بۇ بولسا دوكتور سۇن ياتسېن نىڭ، XX-
ئەسىر چوقۇم سۈرەتتە، خەلق تۇرمۇشى مەسىلىگى سەھنە-
لەشكەن دەۋر بولماي قالمايدۇ، دېگىنى.

جۇڭگو كوممۇنىستلىرى، جاھالەت ۋە مۇتەئەسسىپلىك
ئىچىدە، تۇرماستىن ئانا ۋەتەندىكى قېرىنداشلىرىمىزنى مار-
كسىزىم ۋە لېنىنىزىمنىڭ قوللۇق تەجرىبىسى مەشغۇلىيىتىدە.
... چىن كوممۇنىستلىرى، كونىمىزدە، بۈتۈن ئىنسانىيەتكە
ئاسى بولغان ئەڭ چوڭ ئېقىمدۇر، ئەڭ چوڭ قىرغىنچىلىق
ۋە بەلانىڭ بېشىدۇر. بىزنىڭ سەن مىن جۇيى-ئادەمگەر-
چىلىكنىڭ مىزانى، يىگىرمىنچى يۈزيىلدىكى كىشىلىكنىڭ
ئۈمۈمى جۇنۇلۇشىدۇر. بىزگە، مانا مۇشۇنداق، كەڭرى
ئىنسانلىق كۆڭلى يار يۆلەك بولۇپ تۇرسا. ھەممە شۇنداقلا
بىز " قابىل ئادەملەرگە، پايدىلىق تۇپراقلارغا، ياخشى سائەت
لەرگە مالىك" تۇرساق، ئەلۋەتتەكى دۈشمەننى يوق قىلىشقا
ئىمانىمىز كامىلدۇر. بىز بۇ ئىمان بىلەن سەن مىن جۇيى نى
بۈتۈن دۆلەت بويىچە ئەمەلدە كۆرسەتىشكە مالىكمىز.

1976-يىلى 13-نويابىردە، جۇڭخۇگو گومىن داڭ
نىڭ بۈتۈن دۆلەتلىك XI-قۇرۇلتايىنىڭ بىرىنچى
يىغىنىدا بېرىلگەن سەياسى دوكلاتىدىن قىسقارتىلىپ
ئېلىندى.

## ئىككىنچى، سەن مىن جۇيى ئارقىلىق جۇڭگونى بىرلىككە كەلتۈرۈش

بىزنىڭ چوڭقۇر ھېسىياتىمىزدا، چىن كوممۇنىستلىرى ئارقا مۇ ئارقا كۆرەش يۈرگۈزۈپ بارماقتا، ئۆزىمىز بولساق تۇرماستىن قوزغۇلۇش ۋە ئىسلاھات ئېچىدىمىز. شۇنداقتىمۇ ئانا ۋەتەندىكى قېرىنداشلىرىمىزنى قىيىنچىلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش بولسا، بىزنىڭ زىممىمىزگە تۈشكەن ۋەزىپە بولۇپ، بىز بۇنى ئادا قىلماي قاراپ تۇرالمايمىز. بۇ بىر تارىخى ۋەزىپە ـ سەن مىن جۇيى ئارقىلىق جۇڭگونى بىرلىككە كەلتۈرۈش. بىز بۇ مۇقەددەس ۋەزىپىنى تېخىمۇ ئېھتىياتلىق، چەبدەسلىك، غەيۇرانە ۋە ئۇلۇغۋارلىق بىلەن تاماملىشىمىز كېرەك، شۇنداق بولغاندىلا بۈتۈن جۇڭگو خەلقىنىڭ ئارمانىنى يەردە قويغان بولمايمىز.

مەن بۈگۈن روشەن ۋە چوقۇم تەكرارلايدىغانىم شۇ سۆزنى ئېيتىمەن ـ ئەگەردە جۇڭگو گۇڭچەنداڭ (چىن كوممۇنىست پارتىيەسى) جۇڭگو خەلقىنى دېسە، ھامانلا ئۈزۈل-كېسىل ماركسىزىم، لېنىنىزىم مەپكۇرىسى بىلەن كوممۇنىزىم دېگەن ئەشۇ زەھەرلىك، زەرەرلىك نەرسىنى تاشلىسۇن. تامامى بىلەن سەن مىن جۇيىنى قوبۇل قىلسۇن. ھەمدە تايۋان، پېڭ-خۇ قاتارلىق زىمىنىمىزدىكى سەياسى، ئىقتىسادى، ئىجتىمائى تۈزۈم ۋە قۇرۇلۇش تەجرىبىسىنى قوللانسۇن. شۇنداق بولغاندىلا، يىللاردىن بېرى دەپسەندە ۋە كۆمۈلۈشكە ئۇچرىغان جۇڭگو خەلقىنىڭ ئەمگەكچانلىقى بىلەن ئەقلى ـ زەكاسى پارقىراپ ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. بۇنىڭ

بىلەن بەش ئون يىلغا قالماي، جۇڭگو ئىلىدىكى كەمبە-
غەللىك يوقولۇپ، ئانا ۋەتەندىكى خەلقنىڭ تۇرمۇشى
ياخشىلىنىپ، پۈتۈن جۇڭگو خەلقى، ئەركىنلىك ۋە سائا-
دەتلىكنى باراۋەر پايدىلىنىدىغان كۈنگە ئېرىشىدۇ!

1980 - يىلى 6 - ئاينىڭ 9 - كۈنىدىكى ناشتىلىق
يىغىندا قىلىنغان گەپدىن قىسقارتىلىپ ئېلىندى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# جۇڭگونىڭ پارلاق يولى —

# سەن مىن جۇيى

## ئىچىدىكىلەر


I - يېقىنقى زامان جۇڭگونىڭ كۈرەش تەدرىساتى

II - مىللى مەدەنىيەتكە ئاساسلانغان بۈيۈك بىرلىك تەلىۋى

III - ئۇمۇمى خەلقنىڭ سەياسى ئىشلەرگە قاتناشىش ھوقۇقىنى كۈتەرىش

IV - خەلقنىڭ تۇرمۇش مەپھۇمىنى تولۇقلاش

V - يېڭى جۇڭگونىڭ كەلگۈسىگە قاراش

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# I - يېقىنقى زامان جۇڭگونىڭ
# كۆرەش تەدرىساتى

كىشىلىك، تېخىمۇ بەختلىك بىر كېلەچەكنى ئىزلەمەكتە، مانا مۇشۇ ئارزۇ تارىخنىڭ ئالغا قاراپ مېڭىشىنى ھەرىكەتلەندۈرىدۇ.

جۇڭگودىكى توققۇز يۈز مىليوندىن كۆپ بولغان قېرىنداشلىرىمۇ مانا شۇنداق ئارزۇ بىلەن بەختلىك جەمئىيەت ئىچىدە ياشىماق ئۈمىدىدە. مانا مۇشۇنداق مۇشتەرەك ئارزۇ ئۈچۈن، ئەلۋەتتەكى ئۇنىڭغا ماسلاشقان بىر نەسنەل (ئوبيېكتىپ) ۋە ئەقىلگە مۇۋاپىق جەمئىيەتنىڭ مەۋجۇت بولۇشى كېرەك. بۇ تۈرلۈك ئۆزنەل (سەلبى - سوبيېكتىپ) ئارزۇ بىلەن نەسنەل جەمئىيەتنىڭ بىر بىرىگە ماسلاشىشى بىلەن يەنە شۇنىڭغا ئوخشاش ئۇماق ئامراق ساھەنىڭ بەرپا قىلىنىشى - توققۇز يۈز مىليون قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ياتقىدا تۈش كۆرۈپ تىلەيدىغان يېڭى جۇڭگونىڭ شەكلى - سۈرىتى.

1840 - يىلدىكى ئەپيۇن ئۇرۇشىدىن بۇيانقى يۈز قىرىق نەچچە يىلدىن بېرى، جۇڭگو خەلقى، غەرب مەدەنىيىتى بوسۇغىسىنى ئاستىدا، ئۆزىگە لايىق بىر يول تېپىش ئۈچۈن تىرىشىپ كەلدى. مانا بۇ دېيىلگەن يول، توغرىسىنى ئېيتقاندا، يېقىنقى زامان جۇڭگونىڭ ئەسىرلەشمەك ئۈچۈن قىلغان كۆرەشىدىكى تەدرىساتىدۇر.

جۇڭگونىڭ ئەسىرلىشىشى دېمەك، چىن ۋە غەرب مەدەنىيىتىنىڭ بىر بىرىگە ئۇيۇشۇش جەريانىدۇر. بۇ

جەريان ئوبدانىنى خىللاپ ئېلىپ، ناچارىنى تاشلاش بىلەن تۈزۈلگەن ئوماق ئامراق يېڭى بىر جەمئىيەت بەرپا قىلغۇسى.

جۇڭگونىڭ ئەسىرلەشتۈرۈشى دېمەك، جەمئىيەتنىڭ ئالمىشىش جەريانىدۇر. شۇڭلاشقا، «مەنزىل» ۋە «كۆنۈلۈش» كە بولۇپمۇ كۆپ ئېتىبار قىلماق، نەزەر سالماق كېرەك.

جۇڭگونىڭ ئەسىرلىشىشى، شەكسىز، شۈبھىسىز شەكىلدە جىھاز (قورال ۋە نەرسە كېرەك) تۈزۈم ۋە ھەمدە مەدەنىيەت بولۇپ، مۇشۇ ئۈچ قاتلامنىڭ ھەممىسىگە دېگىدەك ئوخشاشلا ئېتىبار بەرمەك لازىم. يېقىنقى زامان جۇڭگودا، ئەسىرلىشىش جۈنۈلۈشىدە، ئۆزىدە مەۋجۇت بولغان ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت ئاساسىدا، ئۆزىنىڭ مىللى ئورۇننى يۈكسەلتىشى، خەلقىنىڭ سىياسى ئىشلەرگە قاتنىشىش پۇرسىتى بىلەن ھوقۇقىنى كۆتەرىشى ئىنتايىن شەرت. شۇنداق بولغاندىن كېيىنلا، خەلق تۇرمۇشىنىڭ ئىچتەلىكى (مەزمۇنى) نى تولۇقلىغىلى ۋە بۇ يول ئارقىلىق بەختلىك يېڭى جۇڭگونى بەرپا قىلغىلى بولىدۇ.

«تۆرت ئەسىرلىشىش» ئۆزىنىڭ ئېغىرلىق سالماقىنى جىھازغا قويغاندۇر. ئەگەردە ئۇلار ۋېي جىن-شىڭنىڭ «بەشىنچى ئەسىرلىشىش» تەلىۋىنى قوبۇل قىلغان ۋە ئەينى زاماندا «سىياسى ئەسىرلىشىش» نى ئالغا سۈرگەن بولسا ئىدى، نەن ۋە خەلقچىللىققا ئېتىبار بەرگەن بولسا ئىدى، ئۇ چاغدا بەزى بىر يارارلىقنىڭ تەخىرلىشى مۇمكىن بولاتتى. خەلقچىللىقنىڭ سىياسى تۈزۈمى بىلەن تەڭ باراۋەرلىك ئىنسان ھەقلىرى بولمىغاندا، خەلق، قانداق قىلىپ ئۆزلىرىنى دۆلەتنىڭ ئىگىسى دەپ تونۇيالايدۇ؟ ھەمدە، قانداق قىلىپ

«تۆرت ئەسىرلىشىش» نىڭ سەمەرىسىنى ئومۇمىي خەلقنىڭ مەنپەئەتىگە بېرىشنى كەپالەت قىلغىلى بولىدۇ؟ شۇنداقلا، خەلقنى «تۆرت ئەسىرلىشىش» كە قىزىقتۇرۇپ، خەلق-نىڭ زەكاسى بىلەن قابىلىيىتىنىڭ رىغبىتىنى ئۇنىڭغا باغلىغىلى بولىدۇ؟

جۇڭگونىڭ ئەسىرلىشىش يولىنىڭ جۇڭگولىشىشى بۇرۇندىنلا ئو-چۇقلانغان بولۇپ، بۇنىڭ ئۈچۈن دوكتور سۇن ياتسېن مىللەتچىلىك، خەلق ھوقۇقى ۋە خەلق تۇرمۇشى دىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ مەسىلىنى ھەل قىلىشنى ئورتىغا ئاتقان. بۇنىڭ تەپسىرىنى جىياڭ جوڭ-جىن (جىياڭ كەيشېك) ئەپەندى ئىنسانى-ئەخلاقى قائىدە، خەلقچىلىق ۋە پەن دەپ تۈشەندۈرىدۇ. جۇڭگو تارىخىنىڭ ئالغا مېڭىش يولى بىلەن ئۇنىڭ يۈز بېرىش جۇڭگولىشىشى مانا مۇشۇنداق ئايدىن ۋە كەڭ كۆلەملىك. ئۇنىڭ مەزكۇر جۇڭگولىشىش ۋە يېيىلىشى ئەقىل-پاراسەت يۈز بېرىشى بولغان دۇنيا ئومۇمىنىڭ دىگەن كۆڭۈل ئىستەكىدە جاي ئالغاندۇر - ھەقىقەتەن ھەم جۇڭگو مەسىلىسىنى تومۇرىدىن ھەل قىلىشنىڭ يولى ھەم مانا مۇشۇدۇر.

## II - مىللىي مەدەنىيەتكە ئاساسلانغان بۈيۈك بىرلىك تەلىۋى

چىن مىللىتىنىڭ بەش مىڭ يىلدىن بويان كەلگەن مىللىي ھاياتىنىڭ ئۇلۇغۋارلىقى، بەقاسى ۋە داۋامىنى ئەيتقاندا، بۇلار ھەممىسى چىن خەلقىنىڭ مىللىي ئەخلاقى بىلەن روھى يۈكسەك-لىكىدە سابىت قىلىشىدۇر. ئەسلىدە، جۇڭگو خەلقىنىڭ

سابىت قالغان مۇشۇ «مىللەتچىلىك»ى سىرتتىن كەلگەن تاجاۋۇزغىمۇ ئۇچرىغان. لېكىن، سىرتتىن كەلگەن مەزكۇر تاجاۋۇز، مىللى ئىخلاسىنىڭ قوۋۋىتى ئاستىدا يېڭىلىپ كەتكەن، ۋەيا مىللى مەدەنىيىتىمىزنىڭ ئىچىگە كىرىپ ئېرىپ كەتكەن. بەش خۇلارنىڭ چىننى قالايمىقان قىلىشى، يوقىرىدا دەپ ئۆتكىنىمىزدەك ئاياغلاشقان ئىدى. شۇندىقلا، موڭغۇل سۇلالىسىمۇ ئەينىسى بولدى ۋە مانجۇ سۇلالەسىمۇ ئەينى ئاقىبەتكە ئۇچراپ، «چىن مەدەنىيىتى»نىڭ بۇيۈك ئېقىمىغا قوشۇلۇپ ئېقىپ كەتتى.

١- دوكتور سۇن ياتسىننىڭ «مىللەتچىلىك دېگەن نەرسە، دۆلەتنىڭ ئۆز ئىرقىنى ھاياتتا ساقلايدۇرغان گۆھەر.» دەپ تونۇشىنىڭ ھەقىقەتەن ھەم چوڭقۇر مەنىسى بار. دوكتور سۇن ياتسىن، مىللەتچىلىكنىڭ «مىللى مەدەنىيەت»كە ئاساسلىنىشى كېرەك دەپ ئېتىبار قىلىدۇ.

كوممۇنىزىم باشقۇرۇشى ئاستىدىكى چىن ئانا ۋەتىنى نېمىشكە يوقسىلىمەيدۇ؟ بۇنىڭ ئاساسى سەۋەبى - كوممۇنىستلار ماركىس - لېنىن مەپكۇرىسىنى ئورۇنلاشتۇرغانلىقىدىن كېيىن، چىن خەلقىنىڭ ئۆز مىللەتچىلىكىنى يوقىتىپ قويۇشى. ئۇلار زورلۇق بىلەن ماركىس-لېنىن مەدەنىيىتىنى، چىن مەدەنىيىتىنىڭ ئورنىغا جايلاشتۇرماقتا. مانا بۇ بولسا، چىن ئانا ۋەتىنىدىكى قېرىنداشلارنىڭ ئازاپ- ئوقۇبەت ئىچىدە قېلىشىنىڭ ئاساس سەۋەبىدۇر.

مىللەت دېگەن قەدىمى خەلق تۈركۈمىنىڭ سويىغا يوقسىلىشى، سويلارنىڭ ئايماقلارغا يوقسىلىشى، ھەمدە بۇ ئايماقلارنىڭ يوقسىلىپ مىللەت بولۇشىدىن تەرەققى تاپقان

بىزتونلەيى تەبىئى ئۇسۇش ۋە تەبىئى ئالغا بېسىشدۇر.
دوكتور سۇن ياتسېن تەشەببۇس قىلغان مىللەتچىلىك
نىڭ ئۈچ باسقۇچى بار: چىن مىللىتىنىڭ ئۆز ئازاتلىقىنى
قامداشى، جۇڭگو چېگراسى ئىچىدىكى مىللەتلەرنىڭ تەڭ-
باراۋەر بولۇشى؛ دۇنيادىكى ئېزىلگەن مىللەتلەرنىڭ تامامەن
ئازاتلىقى. مانا مۇشۇ ئۈچ باسقۇچ ئارقىلىق دۆلەت ئى-
چىدە ياشىغانلارنىڭ تەڭ-باراۋەرلىك ئاساسىدا ئۇيۇشۇپ
قۇۋۋەتلىك بىر جۇڭخۇا مىللىتى بولغان دۆلەت مىللىتى
جامائەتچىلىكىنى قۇرۇپ چىقىشى؛ بۇنىڭ بىلەن تاشقىرىدىن
كىلىدىغان بوتون تەجاۋۇزلار تاقابىل تۇرۇپ، بەينەلمىلەل
ئورنىمىزنى ئۆزگەلەربىلەن تەڭتۈز ھالغا كەلتۈرۈش.
ئەڭ ئاخىرىدا، دۇنيادىكى بارلىق مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىك
ئورنىنى قامداپ، ھەممە بىرلىكدە دۇنيا بويۇك بىرلىكى
ئىدارىسىگە ئېرىشىش.
بۇ، كەڭ كۆلەملىك بىر غايە بولغاندەك، پەقەتلام
مىللى مەدىنيەتكە ئاساسلانغان مىللەتچىلىك دۇر.
يېقىنقى زامانلاردا جۇڭخۇا مىللىتىگە كەلگەن بوھرانلارنى
دىگەندە، ئۇنىڭ بىرىنچىسى: سەياسى كۈچنىڭ ئېزىشىدىن،
ئىككىنچىسى: ئىقتىسادى كۈچنىڭ ئېزىشىدىن، ئۈچىنچىسى
بولسا نوپۇس بېسىمىدىن تۇغۇلغان. دەۋرلەرنىڭ ئالما-
شىشىغا قاراپ مۇئەييان ئىجتىمائى ئەھۋالاتدا ئۆزگىرىش
پەيدا بولىدۇ، ئامما، جۇڭگونىڭ ھايات-مامات يولى يوقۇ-
رىدا ئېيتىلغاندەك بولۇپ، بۇ پرىنسىپلەردە ھىچ قانداق
تېگىشىش بولمايدۇ.
تايۋەندىكى جۇڭگو خەلقى، ئوتتۇز يىللىق تىرىشىشى

ئارقىلىق كۆپلىگەن سەياسىي ۋە ئىقتىسادىي مەسىلىلەرنى ھەل
قىلدى. نوپۇس فاكتورى ئۈستىدە، ھازىر، ئۇنىڭ سانىنى
كونترول قىلىپ، سۈپىتىنى كۆتۈرۈش تەرىپىدىن ئىش كۆ-
رۈلمەكتە. ئەمما، چىن ئانا ۋەتىنىدە بولسا، تاشقىرىدىن
كەلگەن ماركس-لېنىن مەدەنىيىتىدىن شەكىللەنگەن كوممۇ-
نىزىم تۈزۈمى بولغاچقا، ئوتتۇز يىلدىن بېرى مانا مۇشۇن-
داق سەياسىي كۈچىدىن تۈرلىگەن ئىقتىسادىي كەمبەغەللىك
بىلەن مەدەنىيەتتىكى قۇللۇقنىڭ، توققۇز يۈز مىليون
جۇڭگو خەلقىنىڭ بەختىنى بەربات قىلغانلىقىنى بەك رو-
شەن كۆرمەكتىمىز.

ئىللەتچىلىكنىڭ ئاساسى ۋەسپى „ئىنسانى-ئەخلاقى
قائىدە"دۇر. بۇ نەرسە كىشىچىل مىجەز بىلەن سويىچىل
مىجەزگە تايانغاندۇر. بۇ ئەزەلدىن بېرى شۇنداقدۇر.
ئۇنىڭ كامالىغا چىققىشىنى، كۇڭ-زىنىڭ لى-يۈەن دا-تۇڭ
تەزكىرىسىدىن كۆرمەك جايىدا. مەزكۇر تەزكىرىدىكى «
بۈيۈك تەرىقەتىنىڭ يۈرگۈزۈلۈشى بىلەن دۇنيا ئۇمۇمنىڭ
بولىدۇ.» دېيىلىشىنى قانچەلىك كەڭ ۋە ئەتراپلىق ئاڭلىساق،
„ئىستىدات ۋە قابىلىيەت ئىگىلىرىنى تاللاپ ئىشكە قويۇش،
ئىشەنچ، ئىتتىپاق يارىتىپ ئۆز ئارا ئىناق ئامراقلىقىدا ئۆ-
تۈش.» دېگىنىنىڭ قانچەلىك چوڭ مەپھۇم ئۆلچەۋىگە يەت-
كەنلىكىنى ئۇقىمىز. „شۇنداق بولغۇسىكى-كىشىلەر
يالغۇزغىنا ئۆز تۇغقانلىرىنىلا تۇغقىنىم دېمەيدىغان،
ئۆز ئەۋلادىنىلا بالام دېمەيدىغان ھالغا كېلىدۇ. ۋە قېرىد-
لارغا ئارام، يىگىتلەرگە ئورۇن، گۆدەكلەرگە تەربىيە
شەرتلىرى ھازىرلىنىپ، تۇل خوتۇن، يېتىم ئوغۇل، كېسە

لىچان غېرىپ غۇرۇۋالارغا بېقىش يەرلىرى قۇرۇلدۇ.» دېيىپ
كۆرسەتكىنى نېمە دېگەن گۈزەل، نېمە دېگەن ئۇماق-ئامراقلىق
ئىپادىسى!

٢- ئوتتۇز يىلدىن بۇيان تايۋەندە يۈرگۈزۈلمەكتە
بولغان «جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنى قايتا جانلاندۇرۇش ھەرىكىتى»
بولسا، مىللەتچىلىكنىڭ مۇھىم ئەمەلىي ئىجرائاتىدۇر.

جۇڭگونىڭ ئەخلاقى پىكىر ھۆددىسى بەك يۇقۇرى بو-
لۇپ، بۇنىڭ ۋاقىت ۋە بوشلۇق ئېتىبارىدىن بىر بىرىگە
ماسلىشىشىدا قىيىن بولغان ھېچ قانداق مەسىلىسى يوق.

جۇڭگودا سابىت بولغان زەكا ۋە بىلىم، بىر تۈرلۈك يۈك-
سەك ھۆددىگە چىققان سەياسى پەلسەپە بولۇپ، ئۇ ياخشى-
لىققا تەرغىپ قىلىدىغان، يەنى بىر ئەخلاقى ئاساسىدىكى
جامائەتلىشىشى تولۇقلانغان گۈزەل بىر جەريان.

جۇڭگو خەلقىدىكى سابىت قابىلىيەتنى ئەيتقاندا، بۇ
تۈرلۈك تۈرلۈك مۇھىم ئىجادىيەتلىرى بىلەن ئۆزىنىڭ تا-
لانتىنى ئايدىڭلىتىش ئارقىلىق ئۆتمۈشدىكى ئىجادى نەتى-
جىلىرىنى ئاشكارە قىلىدۇ.

بىر تولۇقلانغان گۈزەل ئىجتىمائى تۈزۈم، جەمئىيەت
بىلەن شەخسنىڭ مۇكەممەل ئۆيۈشۈشىنى ھاسىل قىلىدۇ.
جەمئىيەت مەنپەئەتى بىلەن شەخس مەنپەئەتى لايىق دەرىجىدە
نىسبەتلىنىشى كېرەك. شەخس ئۆز ئىختىيارى بىلەن زەكا-
سىنى تەقدىم قىلىپ، بارلىق كۈچىنى جارى ئەيلىسۇن.

مىللەتنى شەكىللەندۈرگەن ئاساسى ئامىل — ئۇنىڭ ئۆز
ئىچىگە جايلاشقان بىر تۈرلۈك مۇشتەرەك روھ بىلەن مۇ-
شتەرەك كۆڭۈل ھالىدۇر. سۈن ياتسىن ئەپەندى، بۇنى

„جۇڭگونىڭ سابىت مەدەنىيىتى بىلەن مەركەزلەشكەن» دەپ، مۇشتەرەك روھ ۋە مۇشتەرەك كۆڭۈل ھالىتىنىڭ شەكىللىنىشى ئەزەلدىن بېرى بولغان مىللى ۋەسىپىنىڭ ياسالىشى قىلىپ كۆرسىتىدۇ.

مانا مۇشۇ ئاساسى پرىنسىپلار بويىچە، ئوتتۇز يىلدىن بېرى، تايۋەن ئۆزىنىڭ ۋەسىپىنى قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن تىرىشىپ كەلدى. بۇ دېيىلگەن ۋەسىپ يالغۇز جۇڭ-گونىڭ بۈتۈن مەدەنىيىتىنى ئۆز ئىچىگە ئېلىپلا قالمىدى، ئۇ، ئەينى زاماندا، غەرب مەدەنىيىتىنى سۈمۈرۈپ ئېلىپ ئۆزىنى تولۇقلىدى. بۇنىڭ بىلەن روھ پەيدا بولدى، بۈيۈك دۇنيا بىرلىكىگە قاراپ داغدۇغا ئىچىدە چامدىلىدۇ.

جانلىنىش زىممىمىز بولغان تايۋەن دە، سەياسى ئىجرائات-نىڭ ئاساسى، كىشىنىڭ كىشىلىكىگە ھۆرمەت قىلىشتۇر. بۇنىڭ ئۇلى، ئىنسانىيەتچىلىكنى گەۋدىلەندۈرىدىغان مىللى ئىنسانى-ئەخلاقى قائىدىلەردۇر. جۇ، لى-يۈن دا-تۇڭ تەزكىرىسى-نىڭ غايىسىگە يۈز ئېلىش، ئاستا يېقىنلىشىش دېمەك بولىدۇ. كۆرۈنۈش شۇكى، ئىقتىسادى قۇرۇلۇشتا- بىر بۈيۈك گۈللىنىش- رىپائەت؛ سەياسى قۇرۇلۇشتا- خەلقچىلىقنىڭ قۇۋۋەتلىك يۈرگۈزۈلۈشى؛ مەدەنى قۇرۇلۇشتا- رەڭگارەڭ بىتەمەس ئىسلاھاتلار.

٣- كوممۇنىست پارتىيەسىنىڭ چىن ئانا ۋەتىنىنى ئوتتۇز بىچچە يىل باشقۇرۇشى، جۇڭگولۇق قېرىنداشلارغا ئازاب ۋە قىيىنچىلىق مەنبەسى ياراتتى. چىن كوممۇنىستلىرى جۇڭخۇا مىللەتىنى سىرتتىن كەلگەن مەپكۇرىنىڭ مۇستەملىكىسى قىلىپ، سىنىپى خارەكتېر بىلەن مىللى ۋەسىپىنى بۇزۇپ تاش-

لىدى. بۈگۈن ئەمدى، چىن ئانا ۋەتىنىدىكى ئىجتىمائى
ھاۋادا زاھىر بولغان تۈرلۈك مەسىلىلەر، ھەممىسى،
ئۈتتۈز يىلچە يىلدىن بۇيان ماركس-لېنىن مەپكۇرىسىنىڭ
جۇڭگودىنىڭ مىللى مەپكۇرىسىنى سىرتقا قاققانلىقىنىڭ نەتىـ
جىسىدۇر.

دۆلەت - ئۇمۇمى خەلق تەرىپىدىن ياسالغان. شۇڭـ
لاشقا، دۆلەت، بارلىق خەلقنىڭ مۇشتەرەك مالى بولۇشى
شەكسىز، شۈبھىسىزدۇر. كوممۇنىست پارتىيەسى، «خەلق
دىگەن سۆزنى سىنىپى خاراكتېر بىلەن چەكلىگەن. ئۇلار
سىنىپ بىلەن، بۈگۈن ئەل» نى رەت قىلىشنى قۇۋۋەتلىك
قوللايدۇ. ئۇلار، دۆلەتنى بىر تۈركۈم خەلق (پالانى بىر
سىنىپ) نىڭ بارلىقى تونۇپ، ئۇچۇقتىن ئۇچۇق ئەل ئىچىدـ
گە نىپاق سېلىپ، ئامراقلىقنى بۇزۇپ، ئىتتىپاقلىقنى زىدەـ
لەپ، مىللى مىجەزنىڭ پاشاشىنى تارمار قىلىدۇ.

مىللى تۈيغۇنى ئەيتقاندا، ئۇ كۆيچۈلۈك ۋەسىيدە.
ئۇ يالغۇزلىقنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا، سۆيگۈ ئارقىلىق
ئۆز ئارا لايىقلاشتۇ. سىنىپ ئاتلايىشى بولسا، پارچە ۋە
تەپرىقە ۋەسىيدە بولۇپ ئۆچ (ئىنتىقام-كىن) لىك بىلەن باشلىنىپ،
بۆلگۈنچىلىك ۋە ئۆز ئارا كۈرەش ئېلىپ بېرىش بىلەن داۋام
قىلىدۇ. چىن ئانا ۋەتىنى، كوممۇنىزم مەپكۇرىسىنىڭ ئېزىپ
باشقۇرۇشى ئاستىدا، ئۆچلىك ئاتلايىشى بىلەن سۆيگۈ (مۇ-
ھەببەت) ئاتلايىشىنى ئاياق ئاستى قىلدى، كۈرەش ۋە بۆلگۈن-
چىلىك ئېلىپ بېرىپ، جۇڭخۇا مىللەتنى ئىنتايىن قاتتىق يارىلا-
دى.

ئۈتتۈز يىللىق كوممۇنىزم مەپكۇرىسىنى يەرلەشتۈرۈش،

ئون يىللىق مەدەنىيەت ئىنقىلابىدىكى تالانچىلىق، يالغۇزغىنە ئىقتىسادنى يەكسەن قىلىش گىرداۋىغا ئېلىپ بېرىپلا قالمىدى، بۇنىڭ نەتىجىسىدە ئىجتىمائىي ئەخلاقىمىز تۈپ يىلتىزىدىن بۇزۇلدى. توغرىنى بىلەن خاتالىق، ياخشى بىلەن يامانلىق، شەرەپ بىلەن شەرمەندىلىك بىر بىرىنىڭ ئەكسىگە ئورۇنلاشتى. ئەمگەكچانلىق، مۇتەۋازىلىق، مۇلايىملىق ۋە ئەدەپلىك بولۇش دېگەننىڭ ھەممىسى ئاياغ ئاستى قىلىندى. بۇلارنىڭ تەسىرى ئاستىدا، جەمئىيەت قاباھەت يولىغا كىرىپ كەتتى.

مانا مۇشۇنداق يامان ئادەت بىلەن قەبىھ ھاۋانىڭ تۇغۇلۇشى بولسا بىر كۈندىلا پەيدا بولىدىغان ئىش ئەمەس، بۇ بولسا «قانۇنسىز، خۇدادىن قورقمايدىغان» كادىرلارنىڭ گۇەن-لياۋ (بيوكراسى) ئۇسلۇبى بىلەن جەمئىيەتنىڭ ئومۇمى رىشايە قايىدىلىرىنى يوقىتىپ تاشلىغانلىقىدىن.

مانا، جەمئىيەت دېگىنى شۇنداق بولسا، مۇنداق جەمئىيەتتە ئەخلاقتىن گەپ قىلغىلى بولامدۇ؟ ھەمدە، ئىمان-ئىخلاس بار دەپ ئەمەل قىلغىلى بولامدۇ؟

٤- مىللىتىمىز، ماركس-لېنىن مەپكۇرىسىنىڭ شۇنداق يامان تالانچىلىقى ئاستىدا قالغان بۇ مەزگىلدە، بىز ئەۋۋەل باشلاپ مىللىي ئەخلاقى يوسۇنلىرىمىزنى قايتا باشتىن جانلاندۇرۇشىمىز كېرەك. سەداقەت ۋە ئاتا-ئاناغا ھۆرمەت، شەپقەت ۋە سۆيگۈ، ئىمان ۋە ئىخلاس، تىنچلىق ۋە باراۋەرلىككە ئىنتايىن ئەمەل قىلىشىمىز كېرەك. بۇلار بولسا ئىنسانىيەتچىلىكنىڭ جۇنى ھەمدە جوڭخۇا مىللىي مەدەنىيىتىنىڭ قىممەتلىك روھىدۇر.

جۇڭگونىڭ ئەزەلدىن بېرى يېتىلىپ كەلگەن مىللىي روھىنى ۋە مىللىي ئىستىداتى ۋە قابىلىيىتىنى قايتىدىن جانلاندۇرۇش دېمەك، دۆلەت قۇتقۇزۇشنىڭ ھەقىقىي يولى، يەنى «مىللىي روھ بىلەن دۆلەتنى قۇتقۇزۇش» يولى. چۈنانچە، شەپقەت ۋە سۆيگۈ پەلسەپىسى ئارقىلىق نېگىزىدىن قۇتقۇزۇشنىڭ يولى.

جۇڭخۇا مەدەنىيىتىگە تايانغان مۇستەقىل، ئۆزىگە ئۆزى ئىگە بولغان جۇڭخۇا مىللىتى، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ مۇستەقىل، ئۆزىگە ئۆزى ئىگە بولغان دۆلىتىنى قۇرىدۇ،

ئىنسانىي ـ ئەخلاقىي ئاساسىدىن، كىشىلىك باغلىنىشلىرىغا كېڭەيىپ، شەخسنىڭ ئاممىغا بولغان ئەقىلگە مۇۋاپىق بېقىندى مۇناسىۋەتلىرىنى نىزاملاش كېرەك.

ئاغاينى سۆيگۈسى، ئاتا-بالا تۇغقۇچىنى ئۇلغايتىپ، بۇلارنى خولۇم-خوشنا، مەھەللە-كەنت مۇھەببىتىگە كۆتۈرۈپ، دۆلەت ۋە مىللەت مۇھەببىتىگە ئايلاندۇرۇش كېرەك.

ئاتا-ئانىغا ھۆرمەت قىلىش ۋە بوي سۇنۇش، جۇڭگو مەدەنىيىتىنىڭ ئىغرلىق مەركىزى. ئائىلىدىن، شەپقەت ۋە ئامراقلىققا تايانغان ئەخلاقلىق ئۆسمۈرلەرنى تەربىيىلەپ، ئۇلارنىڭ تاكاممۇلى بىلەن جەمئىيەت ۋە دۆلەتنىڭ تۇرۇم ئاساسىنى قۇرۇش كېرەك. «ئەۋۋەلا ئىنسانىي خۇلۇق، ئۇنىڭدىن كېيىن مال مۈلۈك». بىر تولۇقلانغان شەخسىيەت، ئەلۋەتتەكى بىلىم، كۆڭۈل خاتىرى ۋە ئاڭنىڭ تەناسىپ ھالدىكى تەرەققىياتىغا ئاساسلانمىقى كېرەك.

مىللەتچىلىك بولغاندىن كېيىن تىنچلىق ۋە ھەققانىيەتكە ئاساسلانغان ھالدا ئاستا ئاستا ئۇنى بۈيۈك بىرلىك غايىسىگە كېڭەيتىپ، دۇنيا بىرلىكى ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# III - ئومۇمى خەلقنىڭ سەياسى ئىشلەرگە قاتنىشىش ھوقۇقىنى كۆتۈرۈش

دوكتور سۇن ياتسەن: «مېنىڭ خەلق ھوقۇقىدىكى دەستلەپكى قارارىم خەلقچىلىق بولۇپ، ئىككىنچىسى خەلقچىلىق ھاكىم مۇتلەقلىقىنى رەت قىلىشتۇر.» دەيدۇ. شۇڭلاشقا، خەلق ھوقۇقى مەسىلىسى، ۋەسپى ئېتىبارىدىن خەلقچىلىقتۇر. ھەمدە، خەلقنىڭ ئەلۋەتتە خوجايىن بولۇشىغا ئىشەنمەك بولۇپ «خەلقچىل مونارخىيە» ئەمەس، شۇنداقلا، ئەسلا «خەلق دىكتاتورا» سىمۇ ئەمەس.

لېكىن، ئەنئەنىۋى خەلقچىلىق نەزەرىيەسىنىڭ ئانچە كەمچىلىكلىرى بولغاچقا، سۇن ياتسەن ئەپەندى، خەلق ھوقۇقى مەسىلىسىگە بەزى تۈزىتىشلەر كىرگۈزۈپ، ئۇنى تېخىمۇ ئەمەلىلەشتۈردى.

1- خەلق ھوقۇقى مەسىلىسىنىڭ ھەدىپى — ئەركىنلىك ۋە باراۋەرلىكنى ئەمەلدە كۆرسەتمەك.

ئەنئەنىۋى خەلقچىلىق سەياسەتنىڭ نەزەرىيەسى بويىچە كىشىلەر تۇغمادىن ئەركىندۇر. يەنى، ساۋات ماھىيىتىدىن چىققان كۆڭۈل ئارزۇسى بولماسىدىن، ئارزۇنىڭ ئۆزلىكىدىن تۇغۇلغان ئەركىنلىك دۇر. بۇنىڭ بىلەن كىشىلىك ئەركىنلىكىدىن پايدىلىنىش قابىلىيىتىگە ئىگە دەپ، ئۆزىنى ئۆزى باشقۇرۇش قابىلىيىتىنى كۆرسىتىدۇ. ئەمما، ئىنسانىيەت ئويلاپ شەرھى قىلدىغان ئىشلار ئۈچۈن، جەمئىيەتتىكى كۆپچىلىكنىڭ ھەر قايسىسىدا مۇنداق قابىلىيەت بولۇشى مۇمكىن ئەمەس، چۈنكى، كۆپچىلىكنىڭ ھەرىكىتى، دائىما، ئادەت ۋە مەيلى

مۇھەببەتىنىڭ ئەتكۈسىگە قاراپ بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن دوك-
تور سۇن ياتسىن، ئەنئەنىۋى خەلقچىلىق نەزەرىيەسىنى
كىشىلەر تۇغمادىن ئەركىن دېگەننى ھەممىنىڭ ئەركىنلىك
ئۈمىدى بولۇشى كېرەك، دېگەن قاراشتا ئىسلاھ قىلدى.
ئۇ باشلاپ بىلا: ھاكىم مۇتلەقلىق ۋە مونارخىيە، خەلقنىڭ
ئەركىنلىكىدىن پايدىلىنىشقا قەتئى ئىمكان بەرمەيدۇ، پەقەت-
كىنە خەلق ھوقۇقىنى ئالغا سۈرۈش بىلەن ئەركىنلىكنى ئەمە-
لدە كۈرسەتىش مۇمكىن، دەپ شەرھلىدى.

ئەنئەنىۋى خەلقچىلىق نەزەرىيەسىنىڭ يەنە باشقا بىر
تەسەۋۋۇرى باركى. ئۇ بولسا كىشىلەر تۇغۇلۇشىدىن-لا
باراۋەر، دېگەن ئىشەنچ. خەلقچىلىق سەياسەتىنىڭ يۈر-
گۈزۈلۈش جەريانىدا، بۇ تۈزلۈك تەسەۋۋۇرگە كىشىلەرنىڭ
گۇمان بىلەن قاراشىنى يوق دېگىلى بولمايدۇ. كىشىلەر
ھەقىقەتەن باراۋەرمۇ دۇر؟ بىر ماقال بار: «كىشىلەر
نىڭ كۆڭۈل پەرقى، ئۇلارنىڭ يۈز پەرقىگە قىياسلىقدۇر.»
بۇنىڭ ئىپادىسى، كىشىلەرنىڭ كۆڭلى بولسۇن، چىرايى بولسۇن
قانداق قىلغان بىلەن يەنە بىر بىرىگە ئوخشىمايدۇ، دېگەن
بولىدۇ. دوكتور سۇن ياتسىن، ئەنئەنىۋى خەلقچىلىقنى
يەنە بىر قەدەر ئۆزگەرتتى، ۋە بۇنى خەلق ھوقۇقى مەسىلىكى
نوتقىسى سۆزلىگەندە شۇنداق ئۇچۇر قىلدى؛ تۇغۇلۇشىدىن
كىشىلىكىدىكى ۋەللىك، دانالىق، داھالىق نىڭ ئەقىل-پاراسەت
ۋە ئىستېدادى، ئادەتتىكىلەردىن، ھاماقەتلەردىن پەرقى
ئىنتايىن دۇر. بەلكىمۇ كىشىلىك تۇغۇلۇشىدىن تارتىپ باراۋەر
بولمىغان، شۇڭلاشقا خەلق ھوقۇقىنى تەرەققى ئەتتۈرمەي
بولمايدۇ. شۇنداق قىلغاندىلا تەبىئى تەڭسىزلىك ھەددىدىن

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

يېتىپ كەتمەيدۇ. دوكتور سۇن ياتسېننىڭ تەكىتلىگىنى تاپان يىگىنىدىكى باراۋەرلىك بولۇپ، مۇساۋاتچىلىق ئۇسۇلىدىكى باراۋەرلىك ئەمەسدۇر. ھەمدە، بۈگۈنكى كوممۇنىست ھاكىمىيىتى ئاستىدا كېلىپ چىقىشى (مەنشەئى) غا غىنا ئېتىبار قىلىدىغان، ئىنسان تالانتىغا باقمايدىغان ساختا-يالغان باراۋەرلىك ئەمەسدۇر.

## ٢- خەلق ھوقۇقى مەسىلىسىنىڭ ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇش ئۇسۇللىرى.

خەلق ھوقۇقى مەسىلىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ ئەڭ مۇھىم ئىككى ئۇسۇلى بار:

(١) يەرلىك ئۆز ئۆزىنى باشقۇرۇش ئىشلىرىنى ئوبدان ئورۇنداپ، ئاساسى قانۇن ئىدارى دەۋرىگە كىرىش.

دۆلىتىمىزنىڭ نەچچە مىڭ يىلدىن بېرىقى خانلىق سەياسى تۈزۈمى شەكىللەندۈرگەن سەياسى مەدەنىيەت ئاستىدا، بىردىنلا جۇمھۇرىيەت قۇرۇپ، خەلقچىلىق يۈرگۈزۈپ، ئۇنى ئۇتۇقلۇق ئاماملاش، قىسقا بىر مۇددەت ئىچىدىكى تەشۋىقات بىلەن بىتەدۈرگان ئىش ئەمەس. شۇڭلاشقا، دوكتور سۇن ياتسېن ئىنقىلابنىڭ يۈرۈش تەرتىپلىرىگە ئىنتايىن ئەھمىيەت بەرگەن. ئۇ، ئەسكىرى ئىدارىدىن تەلىمات ئىدارە دەۋرىگە ئۆتۈشنى، ئاندىن تەلىمات ئىدارە دەۋرىدىن ئاساسى قانۇن دەۋرىگە كىرىشنى قوللىغان. تەلىمات ئىدارە دەۋرى دېگىنى، خەلقنى مەجلىس ئېچىش ئىشلىرىگە ئۆگىتىپ، ئۇلارنىڭ سەياسى ئىشلەردىكى بولتوان ھوقۇقلىرىنىڭ قانداق قوللىنىلىشىنى تەمىن قىلىش. بۇ مەھەل (بۆلگە) بىرلىكى ناھىيە بولۇپ، مۇشۇ بىرلىكدىن باشلاپ، مەھەللى (يەرلىك) مۇختارىيەتنى ئوبدان

ئورۇنداش. بۇ بولسا، خەلقچىلىق ئاساسى قانۇن ئىدارىسىگە كىرىشتىكى تەييارلىق دەۋرىدۇر.

### (2) ھوقۇق ۋە قابىلىيەتنى ئايرىش

ھوقۇق بىلەن قابىلىيەتنى بىر بىرىدىن ئايرىش بولسا، دوكتور سۇن ياتسېننىڭ سىياسى ئىلمىلەردىكى يېڭى كەشپىدۇر. ئۇنىڭ بۇ ھەقتىكى تونۇشى شۇنداق: دۆلەتنىڭ سىياسى ئىجرائاتىدا ھوقۇق خەلقنىڭ بولۇپ، قابىلىيەت (ئىقتىدار) ھۆكۈمەتنىڭدۇر. ۋە بۇ ھوقۇق بىلەن قابىلىيەت لايىق دەرىجىدە بىر بىرىدىن ئايرىلىشى كېرەك. ھوقۇق خەلقتە بولىدۇ، دېگىنى، خەلقنىڭ تۆت تۈرلۈك سىياسى ھوقۇقىدۇر — سايلاش ھوقۇقى، ئىشتىن ئېلىپ تاشلاش ھوقۇقى، تۈزۈم ئىجات قىلىش ھوقۇقى ۋە قايتا قارارلاشتۇرۇش (رەت قىلىش) ھوقۇقى. ئىقتىدار ھوقۇقى دېگىنى، ھۆكۈمەتنىڭ بەش تۈرلۈك ئىدارە قىلىش ھوقۇقىدۇر — مەمۇرىيەت (ئىجرا) ھوقۇقى، قانۇن تۈزۈش ھوقۇقى، ئەدلىيە ھوقۇقى، ئىمتىھان ئېلىش ھوقۇقى ۋە تەكشۈرۈش (تەپتىش) ھوقۇقى. ھاكىمىيەت ۋە ھۆكۈمەتنى باشقۇرۇش كۈچى پۈتۈن خەلق ئاممىسىغا قاراشلىق بولىدۇ. ئىدارە ھوقۇقى، ھۆكۈمەتنىڭ ئۆزىگە تېگىشلىك كۈچ بولۇپ، ھۆكۈمەتكە قاراشلىقدۇر. بۇنىڭ بىلەن ھوقۇق ۋە قابىلىيەت ئايرىلغان، ھەر تەرەپ ئۆز ئىمتىيازىنى ئادا قىلىدىغان بولۇپ، پۈتۈن خەلققە خىزمەت قىلىدىغان قاۋۇل ھۆكۈمەت قۇرۇلغان بولىدۇ. ھەمدە بۇ ھۆكۈمەت خەلقنىڭ نازارىتى ئاستىدا بولغانلىقتىن، ئۇنىڭ دىكتاتورلۇققا ۋە ياكى مونارخىيە (خاندانلىق) گە شەكىللىنىشى مۇ چەكلەنگەن بولىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

## ٣ ـ خەلق ھوقۇقى مەسلىكى جەمىيتى

يوقۇرىدا ئەيتىلغاندەك خەلق ھوقۇقى مەسلىكىنىڭ ئاساسى ۋەسپى خەلقچىلىقدۇر. ئۇنىڭ ھەدىپى بولسا، پۈتۈن خەلقنىڭ ئەركىنلىك ۋە باراۋەرلىكىنى ئەمەلدە كۆرسەتمەكدۇر. شۇڭلاشقا، خەلق ھوقۇقى مەسلىكىنىڭ جەمىيتى، ئەلۋەتتەكى بىر خەلقچىلىق جەمىيەتدۇر.

خەلقچىلىق جەمىيتى، تاشقارىغا قارىتا ئېچىلغان، تىنچلىق سۆيەر، ئالغا باساردۇر. ئۇنىڭ تەلۋىسى مۇزاكىرە، ئاڭلاشىش ۋە قوبۇل قىلىش. گەرچە بۇنى كامالىگە ئېرىشكەن گۈزەللىك دېگىلى بولمايدۇ، ئاما، ئۇنىڭدا ئۈمىت ۋە ھاياتلىق مەۋجۇت. مۇنداق جەمئىيەتنىڭ چوڭ ئىگىلىملىكى ئۆزى بىلەن بىرلىكتە، شۇڭلاشقا ئۇنى ھەر تەرەپلىمە تۈزۈتۈش مۇمكىن. بۇنىڭ بىلەن ئۇ تۈزەتىلگەنچە تۇرماستىن ئالغا باسىدۇ، ۋە ئالغا باسقانچە تەرەققى قىلىدۇ.

خەلقچىلىق جەمئىيەت كۆپ قىرلىق (ھالقالىق) جەمىيەت. ئۇنىڭ ئىچىدىكى تۇرمۇشىدا شەخس، ھەر تۈرلۈك ئىش ۋە كەسپ بىلەن مەشغۇل بولالايدۇ. بۇلاردىن تۇغۇلغان نىتىجە جەمئىيەتنىڭ ئىقرار قىلىشىغا مۇيەسسەر بولىدۇ. ھېچ قانداق بىر كىلىپ چىقىش (مەنشە) چەكلىمىسى قويۇلمىغاندىن تاشقارى، يەنە ھېچ قانداق سەياسى كۆرەش قورقۇنچىغىمۇ دۇچار بولمايدۇ.

## ٤ ـ تايۋەن زىمىنىمىزدە خەلق ھوقۇقى مەسلىكىنىڭ يۈرگۈزۈلۈشىدىن تۇغۇلغان نىتىجىلەر؛

بىرىنچى، مائارىپىدىكى سەۋىيەت ۋە سانىنىڭ كۆتەرىلىشى خەلق ھوقۇقىنى تەرەققى ئەتدۈرۈش ۋە خەلقچىلىقنى

ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن كۆپچۈلۈك خەلق نىڭ مۇختارىيەت
كە قاتنىشىش قابىلىيىتى بىلەن شەرتلىرىنىڭ ھازىر بولۇشى كېرەك.
ئەگەردە كۆپچۈلۈك خەلق نىڭ ساۋاتى تۆۋەن بولسا، خەلق
ھوقۇقىنى خىيالغا كەلتۈرۈش مۇمكىن. تايۋەن بۆلگە (رايون)
سىدىكى بۇ ئوتتۇز يىلدىن بۇيانقى مائارىپ تەرەققىياتىنىڭ
نەتىجىسىنى دېسەك، ئىنتايىن ئۈستۈندۇر. 1979 ىنچى يىلنى
مىسالغا ئالساق، شۇ يىلى ئوقۇش يېشىدىكى باللارنىڭ تەھ-
سىل سەۋىيىسى 99.68% بولۇپ، يوقۇرى بىلىم ئورۇنلىرىدىكى
ئوقۇغۇچىلار بىلەن، تەتقىق ئۈستىدە ئەمگەك قىلىۋاتقانلار-
نىڭ سانى 329.000 دىن كۆپتۇر. (بۇ سان 1949 ىنچى يىلى
ئاراللا ئاللتە مىڭ قانچە ئىدى) مانا بۇنىڭدىن قىياسەن، باشقا-
لىرىنىمۇ كەڭ كۆلەملىك ئاڭلاش مۇمكىن.

ئىككىنچى، ئاممىۋى نەشرىيات باغلىرىنىڭ
كېڭەيىشى ۋە ئارتتۇرۇلۇشى

بۇكۈنلەردە تايۋەن نوپۇسى ئون سەككىز مىليوندىن
ئارتۇق بولۇپ، بۇ يەردە 31 تۈرلۈك گېزىت نەشر قىلىنماقتا،
بۇلارنىڭ ئومۇمى تىرازى ئۈچ مىليوندىن كۆپ. رادىيو ئىستا-
نسىيلىرى 134 دۇر. ئۈچ ئورۇندىن ھەپتىدە ئىككى يۈز سائە-
تدىن ئارتۇق تېلېۋىزىيون نەشرىياتى تارقىتىلىدۇ. بۇ تېلېۋ-
زىيونلار ھەممىسى رەڭلىك بولۇپ، ھەر تۆرت كىشىگە بىر
تېلېۋىزىيون توغرى كېلىدۇ.

ئۈچۈنچى، ئىقتىسادى تەرەققىيات

تايۋەن بۆلگەسى بۇ ئوتتۇز يىلدىن بېرى ئىقتىسادى تەرە-
ققىياتىدا كىشىنى تاڭ قالدۇرغىدەك دەرىجىدە ئالغا باستى.
1951 ىنچى يىلى تايۋەندىكى خەلقنىڭ كىشى بېشىغا كىرىمى يۈز

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئامېرىكان دوللارىغا يەتمەيتتى، بۇ سان 1982-يىلى ئىككى مىڭ بەش يۈز قىرىق تۆت دوللارغا ئۆرلەشتى. مەمۇرىي يۈەن (باش باقانلىق) باش بوغالتىرلىقىنىڭ تەتقىقىغا ئاساسەن ئېيتقاندا: 1981-يىلىدا تايۋەندىكى ئېلېكتىرلىك مۇز ساندۇقىنىڭ ئۆملاشىش نىسبىتى 94%، رەڭلىك تېلېۋىزورنىڭ ئۆملاشىش نىسبىتى 78%، كىر يۇيۇش ماشىنىسىنىڭ ئۆملاشىش نىسبىتى 69%، تېلېفوننىڭ 61% ۋە ئىسسىق-سوغۇق هاۋا ئالماشتۇرۇش ماشىنىسىنىڭ نىسبىتى 16% دۇر. ئۆيگە مالىك بولۇش نىسبىتى 73.3% بولۇپ، هەر يۈز ئائىلىدە 51 دانە خۇسۇسىي ئاپتوموبىل مەۋجۇتتۇر. ئەڭ ئەرزىدىغان بىر تەرەپ شۇكى، بىزدىكى بايلىق ۋە نامراتلىقنىڭ ئارىلىقى (ئەڭ ئۈستۈن 20% ۋە ئەڭ تۆۋەن 20% ئائىلە كىرىمى مۇقايىسىسى بىلەن) 1950-يىلىدىكى ئون بەش هەسسىدىن 1979-يىلىدىكى 4.2 هەسسىگە تۆۋەنلىدى.

تۆرتىنچى، سايلام ئىشلىرىنىڭ راۋاجلىنىشى

سايلام، بىر هىساپتا خەلقچىللىقنى چوقۇم تەمسىل قىلالمايدۇ، ئامما، خەلقچىللىقتا سايلام بولمايمۇ بولمايدۇ. خەلق هوقۇقىنىڭ ئاساسى كۆرۈنۈشىمۇ سايلامدۇر. تايۋەن بۆلگىسى، بىر نەچچە قېتىم (1950-يىلدىن بېرى) مەركىزى، ئۆلكىلىك-شەهەرلىك، ناهىيەلىك-شەهەرچىكلىك، كەنت ۋە يېزا سەهرالىق ئاممىۋى خىزمەت خادىملىرى سايلىمىنى يۈرگۈزدى. ئوتتۇرا هىساپتا هەر يىل، دېگىدەك بىر داغدۇغىلىق ئەركىن سايلام بولىدۇ. سايلىغۇچىلارنىڭ بىلەت تاشلاش سەۋىيىسى 70% بىلەن 80% ئارىسىدادۇر.

يوقۇرىدىكى تەهلىلدىن، بىز، خەلق هوقۇقى مەسىلىسىنىڭ نەزەرىيىسى بىلەن ئۇنىڭ تايۋەن بۆلگىسىدىكى ئەمەلگە

ئاشۇرۇلۇشىنىڭ قانداقلىقىنى تەقرىبەن بىلگەن بولدۇق. دوكـ
تور سۇن ياتسىن: „سەن مىن جۇيى بولسا دۆلەتنى قۇتقۇزـ
ىدىغان مەسىلەك.“ دېگىنىدەك، خەلقچىلىق بىلەن ۋەسىپـ
لەنگەن خەلق ھوقۇقى مەسىلىسى بولسا، شۈبھىسىزكى دۆـ
لەتنى قۇتقۇزىدىغان ئەشۇ مەسىلەكنىڭ بەك مۇھىم بىر
ھالقىسىدۇر. شۇڭلاشقا، بىزنىڭ قەتئىيەن ئوچۇقلىشىمىز
كېرەك بولغان مەسىلە شۇكى: بىزنىڭ جۇڭگوغا ئومۇمى
خەلقىنىڭ بولغان خەلق ھوقۇقى كېرەكمۇ؟ ۋە ياكى سىنىپ
سەياسىتىمۇ؟ خەلقچىلىق مۇ؟ ۋەيا „دىكتاتورا“ مۇ؟

## ١٧ ـ خەلقنىڭ تۇرمۇش مەپھۇمىنى تولۇقلاش

خەلق تۇرمۇشى مەسىلىسى، سەن مىن جۇيى نىڭ تۈزۈم
تەرتىۋىدە ئەڭ سوڭ ئورۇنغا قويۇلغان قىسىم. دوكتور سۇن
ياتسىن 1894 ـ يىلى چىن نى جانلاندۇرۇش ئۇيۇشمىسىنى
قۇرغان چاغدا، مىللى مەسىلەك ۋە خەلق ھوقۇقى مەسىلىسى
بىلەنلا چاقىرىققا كىرىشىپ، ئىنقىلاۋى ھەرىكەتكە باشلىغان.
1896 ـ يىلى لوندوندىكى قىيىنچىلىقتىن سالامەت ئايـ
رىلغاندىن كېيىن، ئاۋروپادىكى سەياسى ئۆرۈپ ـ يوسۇنلارنى
تەتقىق قىلىش ئەسناسىدا، ئۇ، ئاۋروپادا گەرچە دۆلەتـ
لىرى باي ۋە كۈچلۈك، خەلق ھوقۇقى تەرەققى ئەتكەن بولـ
سىمۇ، ئامما خەلقلەر تېخى خۇشال خۇرام ياشايدۇرغان
مەملىكەتلەرگە مالىك بولالمىغانلىقىنى كەشىپ ئەتكەن
ۋە بۇ كەشپىياتىدىن ھامانلا باشلاپ، ئۇ ئۆزىنىڭ خەلق

تۇرمۇشى مەسىلىسىنى ئوتتۇرىغا ئاتقان.

خەلق تۇرمۇشى مەسىلىسى، كاپىتالىزم بىلەن كوممۇنىزم-
دىكى ئۇستۇنلۇكلەرنى ئۆزىگە ئالغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ نۇق-
سانلىرىدىن ساقلانغان. كاپىتالىزم بولسا، شەخسنىڭ ئەر-
كىنلىكىگە ھۆرمەت قىلىدۇ، شەخسنى ئىجتىھات ئارقىلىق
شەخس ۋە دۆلەت ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىياتىنى ئالغا
سۈرەدۇر. ئاما بۇلار، كىرىم ۋە بايلىق مۇۋازىنەسىنىڭ
تەڭشەلمەسلىكىگە يول ئاچقان. كوممۇنىزم بولسا، تەق-
سىماتنىڭ تەڭتۇچ ھالدا بولۇشىنى تەشەببۇس قىلىدۇ، بۇ-
نىڭ بىلەن شەخسنىڭ ئەركىنلىكىنىڭ چەكلىنىشىگە قارىما-
سىدىن، بۇنىڭ نەتىجىسىدە، شەخسنىڭ تىرىشىش جۈنۈلۈ-
ش مەيلى توسقۇنلۇققا ئۇچراپ، ئىقتىسادى تەرەققىياتقا
بولغان بولتۇن ئارزۇ بىكار قالىدۇ.

## ١ـ خەلق تۇرمۇشى مەسىلىسىنىڭ ئۇستۇنلۇكلىرى

بىرىنچى، بايلىق تەلۋىسى بىلەن بىرلىكدە مۇۋازىنە تەلۋى-
گىمۇ باراۋەر نەزەر ئىتىبار قىلىش. بۇنىڭ دىمەكچى بولغىنى،
ئىقتىسادى ئۆسۈش بىلەن قازانچ تەقسىماتىغا ئوخشاشلا ئەھ-
مىيەت بېرىش. دوكتور سۇن ياتسىن: سەن مىن جۈيى بولسا
باي بولۇش مەسىلىكدۇر. بۇنىڭ شەخسلەرلا باي بولۇپ
قالمايدۇ، شۇنداقلا. دۆلەتمۇ باي بولىدۇ، دىگەن ئىدى.
ئاما، خەلق تۇرمۇشى مەسىلىسى، شەخسنىڭ خۇسۇسى
مەنپەئەتى ئۈچۈن، جەمئىيەتنىڭ بايلىق مەنبەلىرىنى چانگاللاش
قا يول قويمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن دوكتور سۇن ياتسىن،
يەر ھوقوقىنى تەكشىلەش، خۇسۇسى سەرمايەگە چەك

قويۇش بىلەن تەرەققى ئەتكەن دۆلەت كاپىتالى ئارقىلىق جەمئى-
يەت بايلىقى ۋە كىرىمىنى مۇتاناسىپ تۇتۇشنى تەشەببۇس
قىلىدۇ. بۇ ھەقتە جىياڭ كەيشىك ئەپەندى: « خەلقنىڭ
بايلىقى مۇۋازىن بولسۇن، باي خەلق بولسۇن.» « خەلقنى
قانچىلىك باي قىلسا، دۆلەتمۇ شۇنچىلىك بايلىققا ئېرىشىدۇر.»
دېگەن. بايلىق ئىچىدە مۇۋازىن بولماق، مۇۋازىن بارا-
ۋەرلىك ئىچىدە بايلىق، تەلىۋى خەلق تۇرمۇشى مەسىلىسىنىڭ
مۇھىم پرىنسىپىدۇر.

ئىككىنچى، دۆلەت سانائىتى بىلەن خەلق سانائىتىنىڭ
تەرەققىياتى بىر-بىرىگە ئۇيغۇن كەلمىكى كېرەك. دۆلەت سانائى-
تى بىلەن خەلق سانائىتىنىڭ پەرقى توغرىسىدا، دوكتور
سۇن ياتسېننىڭ تەشەببۇسى شۇنداق: « ئومۇمەن ئادەت-
تىكى خەلق ئىشلىرىنىڭ شەخسلەر قىلالايدىغان، ئەينى زامان-
دا ئۇنى دۆلەت قىلغاندىن شەخسلەرنىڭ قىلىشى ئۇيغۇن
كۆرۈنگەن سانائەتلەرنى شەخسلەرگە بېرىش كېرەك، بۇ-
نىڭغا دۆلەتنىڭ يار-يۆلەك بولۇشى ۋە قانۇنەن مۇھاپىزە
قىلىنىشى مەتلۇپ...... بۇلاردىن باشقا، شەخسلەرگە ھا-
ۋالە قىلىنىشى مۇمكىن بولمايدىغان ۋە ياكى چاڭگال (مونو-
پولىيە-ئىنھىسار-تەكەل) سانائەتلەر دۆلەتنىڭ ئۆزى
تەرىپىدىن يۈرگۈزۈلۈشى كېرەك.» بۇ ھەقتە جىياڭ كەيشىك
ئەپەندى شۇنداق دەيدۇ: « ئومۇمى يۈزلۈك ۋە يا چاڭگال
ۋەسىپىدە بولغان، خەلق ئۇنى ئۆز ئالدىغا قىلالمايدىغان
سانائەتلەر دۆلەتنىڭ يۈرگۈزۈشىدە، بۇنىڭدىن قالغانلىرى
خەلقنىڭ يۈرگۈزۈشىدە بولىدۇ.»

ئۈچىنچى، مۇلايىم ۋە تەدرىجى ئۇسۇل بىلەن جەمئى-

يەتىنىڭ ھەق تەقسىماتىنى تەكشىلەش. خەلق تۇرمۇشى ھەس- لىكى ئادىل تەقسىمات تەلەپ قىلىدۇ. دوكتور سۇن ياتسىن- مۇ ھېچ بىر قاچان كەسكىن ئۇسۇل بىلەن ھەق تەقسىماتىنى تەكشىلەش ھەدىپىگە يېتىشنى تەشەببۇس ئەتكىنى يوق. «چۈنكى، مۇنداق قىلىش ھەم ئىشنىڭ يۈرگۈزۈلۈشىگە توغرى كەلمەيدۇ، ھەمدە پرىنسىپنىڭ ئىجرا ئاتىغا ئۇيۇ— مايدۇ.» دەيدۇ. دوكتور سۇن ياتسىننىڭ يەر ھوقۇقىنى تەكشىلەش دېگىنى، كۆز ئالدىمىزدا تۇرغان تۇپراقنى بۆلۈپ بېرىش دېگەنلىك ئەمەس، ئىجتىمائىي ئىقتىساتنىڭ ياخشىلىنىشى بىلەن يەر باھاسىدىكى كۆتەرىلگەن نىسبەتنىڭ «ئاشقان باھا دۆلەتكە» بولۇشىدۇر. مانا مۇشۇنداق مۇلايىم ۋە تەدرىجى ئۇسۇل مال ۋە بايلىقنى تەكشىلەيدۇ ھەمدە بۇ ئۇسۇل، ئىشلەپ چىقىرىش ئارزۇلىرىنىمۇ مانى بولمايدۇ.

تۆرتىنچى، ئاساسدا بىر تولۇق ئەركىن ئىقتىسات ۋە بۇنى پىلان بىلەن يېتەكلەش، قېلىپلاش ۋە تەرتىپكە سېلىش. شۇڭلاشقا، ئۇنى بىر تولۇق «پىلانلىق ئەركىن ئىقتىسات» دېيىش مۇمكىن. لېكىن، ئەركىن دېمەك، ئۇنى بولۇشىغا قويۇپ بېرىش ئەمەس، پىلان دېمەكمۇ ئۇنى تىزگىندە تۇتۇش ئەمەس. جياڭ كەيشېك ئەپەندى بۇ ھەقتە شۇنداق دەيدۇ: «پىلان بىلەن ئەركىنلىكنىڭ ئارىسىدا توقۇنۇش يوق، پىلانلاشقان ئىقتىسات ئىچىدە، شەخسنىڭ يېتەرلىك دەرىجىدە ئۆز قابىلىيەتىنى جارى قىلىش ئەركىنلىكى بار. لېكىن بۇ، كۆپچۈلۈكنىڭ ئەمنىيىتى بىلەن ئالغا بېسىشىغا زەرەر بەرمەسلىكى شەرت؛ ھەمدە

ئۇنى جەمئىيەتنىڭ پايدىسى ئۈچۈن غەيرەت قىلىشقا باشلاش كېرەك.»

## ٢ ـ خەلق تۇرمۇشى مەسىلىسىنىڭ ئىشلەمكۈچى

كاپىتالىزىمغا نىسبەتەن خەلق تۇرمۇشى مەسىلىسى، تەقسىمات مەسىلىسىگە سالماقلىق قارايدۇ، كوممۇنىزىمغا نەزەرەن خەلق تۇرمۇشى مەسىلىسى، شەخسنىڭ ئەركىنلىك ۋە قىممەتىگە ھۆرمەت قىلىدۇ. خەلق تۇرمۇشى مەسىلىسى، شەخسنىڭ ئەركىنلىكى بىلەن ئىززەتنى قوغداش ئاساسىدا، ئىقتىسادى ئۆسۈش ۋە تەقسىماتتىكى ئادالەتنى ئىزلەيدۇ. ئوتتۇز نەچچە يىلدىن بۇيان، جانلىنىش زىمىنىمىز بولغان تايۋەن دە ئاجايىپ نەتىجىلەرنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى، يالغۇزغىنا دۇنيا ئەللىرىنىڭ تەقدىرلىشىگىلا سازاۋەر بولۇپلا قالمىدى، ھەتتا، جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ يىتەكچىلىرىمۇ بۇنى ئىقرار قىلماي تۇرالمىدى.

1952 دىن 1979 نچى يىلغا قەدەر بولغان يىگىرمە سەككىز يىل ئاراسىدا، تايۋەندە ئىشلەپ چىقىرىلغان ماللار. ئۇنىڭ تۇراق باھاسى بىلەن ھىساۋىدا، يەنى مال باھاسىنىڭ ئۆزگىرىشىدىكى ئامىللارنىڭ چىقىرىلىشىدىن كېيىن، كۆپتۈرۈلىشى تەخمىنەن توققۇز يېرىم ھەسسەدۇر. ئوتتا ھىساپ بىلەن يىللىق ئۆرلىش سەۋىيىسى، يەنى ئۆسۈش نىسبىتى (ئىقتىساتتا) 9.1% بولۇپ، دۇنيادا ئىقتىسادى ئۆسۈش سۈرئىتى بەك نادىر بولغان يەرلەردىن بىرىدۇر. 30 يىل ئەۋۋەل، ھۆكۈمىتىمىز ئەمدىگىنە ئانا ۋەتەندىن تايۋەنگە كۆچۈپ كەلگەن چاغدا، تايۋەن بولسا، ئۇرۇش ئوتىدا خارابىلەشكەن بىر دېڭىز ئارىلى ئىدى. ئۇنىڭ ئىقتىساتتىكى قالاقلىقى شۇ چاغدىكى

www.uyghurkitap.com

ئانا ۋەتەن بىلەن ئوخشاشلا دېگىدەك ھالدا بولۇپ، ئوتتۇز نەچچە
يىللىق سۈرئەتلىك تەرەققىيات ئاساسىدا، يېقىن كېلەچەكتە «
تەرەققىي ئېتىۋاتقان» مەملىكەتلەر ئارىسىدىن، «تەرەققىي
مەملىكەتلەر» قاتارىغا كىرىش ئالدىدا تۇرۇپتۇ، ھەمدە
بۇ كۆلەمدە ئۇ «يېڭىدىن تەرەققىي تاپقان سانائەت دۆلەت»
سۈپەتلەندۈرۈلمەكتە. 1980 ـنچى يىلى تايۋەننىڭ كىشى
بېشىغا كەلگەن ئىشلەپچىقىرىش خامسانى ئوتتۇرا ھېساب
بىلەن 2282 ئامېرىكان دوللىرى بولۇپ، سىرتقا چىقىرىلغان
مال قىممىتى ئون توققۇز مىليارت يەتتە يۈز ئاتمىش نەچ-
چە مىليون ئامېرىكان دوللىرى. بۇ سان ئەركىن دۇنيا ئەللە-
رىنىڭ تىجارەت سېپىدە يىگىرمىنچى ئورۇندا. ئەگەر پېترول
(نېفىت) ئېخراج قىلغۇچى دۆلەتلەرنى ھېسابقا قاتمىساق،
ئۇ چاغدا تايۋەن ئون بەشىنچى ئورۇنغا چىقىدۇ. ئېخراج
ماللىرىنىڭ 80% ىدىن ئارتۇقى سانائەت مەھسۇلاتى بولۇپ،
سانائەت مەھسۇلاتىنىڭ پۈتۈن ئىشلەپچىقىرىش يەكۈنى-
دىكى نىسبىتى 46% دۇر. (1979)

خەلق تۇرمۇشى مەسىلىسىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىدىكى ئۇتۇق،
يالغۇزلا تايۋەننىڭ ئىقتىسادىي ئۆسۈشىنىلا چاپسانلاش-
تۇرۇپ قالمىدى، شۇنداقلا ئۇ، ئەينى زاماندا، يىلدىن
يىلغا كىرىم تەقسىماتىنىمۇ تۈزەلتىپ بارماقتا. 1964 ـنچى
يىلى ئۈستۈن 20% قازانچلىق (كىرىمگە ئىگە بولغان) ئائىلىدىكى
شەخسنىڭ كىرىمى، تۆۋەن 20% قازانچلىق ئائىلىدىكى شە-
خسنىڭ كىرىمىگە قارىغاندا 5.3 ھەسسە بولغان بولسا،
بۇ نىسبەت ئەمدى 4.2 دۇر. دېمەككى خەلق تۇرمۇشى مەس-
لىكىنىڭ مۇۋازىن بايلىق تەزۋامى، مالى بايلىق يېتىشتۈرۈش

جەرياندا، مۇتاناسىپ تەقسىمات مەقسىتىگىمۇ ئېرىشكەن.
دۇر.

## ٣ ـ چىن ئانا ۋەتىنىنىڭ كەمبەغەللىكى

ئىقتىسادى تەرەققىيات ئۈچۈن بۇ نەسلىنىڭ بەخت ۋە مەنپەئەتىگە قۇرۋانلىق كېرەكمەيدۇ، مۇتاناسىپ تەقسىمات ئۈچۈنمۇ قورقۇتۇش ۋە كۈرەش ئۇسۇللىرى قوللىنىشنىڭمۇ ھېچ ھاجىتى يوق. چىن جۇمھۇرىيىتى (جۇڭخۇا مىن گو) ھۆكۈمىتى تايۋەندە، خەلق تۇرمۇشى مەسىلىسىنىڭ پرىنسىپلىرى بويىچە، ئوماق-ئامراق، خۇشال خۇراملىق ئىچىدە ئىقتىسادىنى تەرەققىي ئەتتۈردى، تەقسىماتنى ياخشىلىدى. شۇنداق بىر سېلىشتۇرۇپ قارىساق، چىن ئانا ۋەتىنى، كوممۇنىزىم باشقۇرۇشى ئاستىدا، خەلقلەر مال مۈلكىدىن ئايرىلغان، ئەركىنلىكىنى يوقاتقان، ھەممە بەزى قېرىنداشلار مال مۈلكىنى دەپ جېنىنى پىدا قىلغان. ئوتتۇز نەچچە يىللىق ۋاقىت ئۇچقاندەك ئۆتۈپ كەتتى، ئامما، خەلقنىڭ تاپقىنى نېمە بولدى، قېنى؟

1950 نچى يىلدىن 1952 نچى يىلغىچە چىن كوممۇنىستلىرى „يەر ئىسلاھاتى" يۈرگۈزدى؛ ئۇلار، كەمبەغەل دېھقانلارنى قورال قىلىپ، ئۇلار بىلەن بىرلەشكەن ھالدا، ئوتتۇرا ھال دېھقانلارغا جىددى كۈرەش قىلدۇرتۇپ، باي دېھقانلارنىڭ يەر زېمىنىنى تارتىپ ئالدى. ئۇنىڭدىن كېيىن، يەنە كەمبەغەل دېھقانلار بىلەن بىرلىكتە، ئوتتۇرا ھال دېھقانلارنىڭ قولىدىكى يەر زېمىنىنى دۆلەتنىڭ مالىغا ئايلاندۇرۇپ، ئۇنىڭغا „خەلق مۈلكى" دېگەن گۈزەل ئىسمىنى تاقدى. 1957 نچى يىلى سانائەت ۋە تىجارەت بۈتۈنلەي جەمئىيەشتىدى،

بۇنىڭ بىلەن ئانا ۋەتىنىمىزدىكى قېرىنداشلار، ئىشلەپ چىقىرىش قوراللىرىدىن ئايرىلىپ، بۈتۈنلەي كوممۇنىزمنىڭ قولى بولۇپ قالدى. 1958-يىلدىكى «بۈيۈك مارش» بىلەن ئىقتىسات تامامەن ئارقىغا قايتىپ، خەلق تۇرمۇشى سەر-سان ھالغا چۈشتى. ئالتمىشىنچى يىللارنىڭ باشلىرىدا، «تەرتىپكە سېلىپ مۇستەھكەملەش» شوئارىنى توۋلاپ، شيۇ جىڭ جۇيى يولغا كىردى. 1966-يىلى، «مەدەنىيەت ئىنقىلاۋى» باشلاندى، ئون يىل يۈرگۈزۈلدى. شۇ ئون يىل جەريانىدا مىللى ئىقتىسات داۋاملىق پاراكەندە ھالدا قالدى. 1976-يىلى بۇ ئىقتىسات يەنە بىت-چىت بولىدىغان دەرىجىگە كەلگىنى ئۈچۈن، قايتىدىن شيۇ جىڭ جۇيى يولغا كىرىپ، «تۆت ئەسىرلەشمەك»نى ئالغا سۈردى.

چىن كوممۇنىستلىرىنىڭ رەسمى دائىرىلىرى ئېلان قىلغان سانلارغا ئاساسەن ئەيتقاندا، 1978-يىلقى ئانا ۋەتەندى-كىلەرنىڭ ئوتتۇرا ھېساپ بىلەن كىشى بېشىغا كىرىمى 152 ئامې-رىكان دوللارى بولۇپ، بۇ سان شۇ يىلقى تايۋەن شەخس كىرىمىنىڭ سەككىزدىن بىرىدۇر. چىن ئانا ۋەتىنىدىكى شەخس كىرىمىنى دۇنيا ئەللىرىنىڭ قاتارىغا قويغاندا يۈزىنچىنىڭ كەينىدە بولۇپ، پاكىستان، ھىندىستان قاتار-لىق دۆلەتلەر بىلەن باراۋەر كەمبەغەل بۆلگەلەر سېپىدە تۇرىدۇ. كوممۇنىزمنىڭ زەھەرلەش نەتىجىسى بولسا، مانا مۇشۇ. تەجرىبىلەرنىڭ ئىسپاتلىغىنىدەك، چىن ئانا ۋەتىنى-دىن كوممۇنىزم تۈپ يىلتىزىدىن قومۇرۇلۇپ تاشلانمىسا ئۇلارنىڭ «تۆت ئەسىرلەشمەك» دېگىنى سۆرەتتىكى نان بىلەن قورساق تويغۇزۇش ۋە ياكى غورىغا قاراپ

ئۇسسۇزلۇق قاندۇرۇش بولۇپ، بۈيۈك بىر قالايمىقانچىلىق ئىچىدىكى مۇۋەققەت دەۋردىنلا ئىبارەت!

## ٧ - يېڭى جۇڭگونىڭ كەلگۈسىگە قاراش

دۆلىتىمىزنىڭ ئاتىسى، دوكتور سۇن ياتسېننىڭ غايىلىرىنى بىر يەرگە كەلتۈرسەك، يېڭى جۇڭگونىڭ چىھرىسى بىلەن ھەقىقىي ۋەسپى، خەلقنىڭ بولىدىغان، خەلق تەرىپىدىن ئىدارە قىلىنىدىغان ۋە خەلق ئۇنىڭدىن مەنپەئەت ئالىدىغان، تىنچلىق ئىچىدىكى، ئەركىن ھەممە مۇساۋى بىر دۆلەت. يەنى جۇڭگو خەلقى بەكمۇ ئارزۇلاپ تەلەپ قىلغان بىر جەمئىيەت.

دوكتور سۇن ياتسېننىڭ، جۇڭگونىڭ ئەسىرلىشىشىگە بولغان ھەرىكەتتىكى جۆنىلىشكە بولغان تۆھپىسى بەك ئۇچۇق. ئۇ، قۇرال (ملازىمە - نەرسە، كىيەك)، تۈزۈم ۋە ئىنسانى ئەخلاقىي مەدەنىيەتنى ئىچىگە ئالغان ئۈچ قاتلامنىڭ ھەممىسىگە ئوخشاشلا ئېتىبار بەرگەن. جۇڭگو، كوممۇنىستلارنىڭ «تۆت ئەسىرلىشىش» دېگىنىدە، ئۇچۇقدىن ئۇچۇق، خەلقچىلىق سەياسىي تۈزۈمى بىلەن «جۇڭگونىڭ ئەنئەنىۋى ئەخلاقىي مەدەنىيىتى» كام بولۇپ، تېخىنكاغا سالماق بېرىپ. تۈزۈمگە سەل قارىغان، جۇڭگونىڭ مەدەنىيىتىنىڭ ئاساسىدىن تېخىمۇ ئۇزاقلا ئايرىلىپ كەتكەن.

تېخى، 1913 ـنچى يىلى، سۇن ياتسېن ئەپەندى: «كوممۇنىزىم تۈزۈمى ۋە سەۋيەت تەشكىلىنى، جۇڭگودا ئەمەلىي رەۋىشتە قوللانغىلى بولمايدۇ.» دەپ قەتئىي قارارىنى بەرگەن. بۇ بولسا، ئەمەلىياتتا كوممۇنىزىمنى رەت قىلىش بولۇپ، ھەقىقىي

ئىلمى ئۇچۇقلىمادۇر.

كىشىلىك جەمئىيىتىنىڭ راۋاجلىنىشى، چوقۇم سۈرەتتە، شە-
خسكە ھەم ئېتىبار بەرگەن جەمئىيەتكە بولغان يۈزلىنىش، ئۇ
ئىقتىساد، سىياسەت ۋە باشقا تۈرلۈك ئامىللارنىڭ توپلان-
غان بىر مۇرەككەپ تۈزۈلمىدۇر. يەنى، شەخس ئەركىنلىكى
ئىجتىمائى بەخت-مەنپەئەت، ئىقتىسادى ئەمنىيەتلەرنىڭ
ھەدەپ ۋە ئىستاندارتىنىڭ خەلقچىلىق تۈزۈمى تەرتىۋى
ئارقىلىق قارارلاشتۇرۇلغان بىر تۈرلۈك تۈزۈمدۇر.

كىشىلىكنىڭ ھەر تۈرلۈك ھەرىكەتلىرىدىكى مەقسەت،
ئۆزىنىڭ مەناۋىياتىدىكى ئارزۇلىرى بىلەن تۇرمۇش ئارزۇ-
لىرىنى قاندۇرماق ئۈچۈندۇر. لېكىن، كوممۇنىست پارتىيە-
سىنىڭ كونترول ئۇسۇلى، مەسىلەن: كۆرەش، تۈزەش،
تازىلاش، ھىساپلىشىش ۋە قورقۇتۇش دىگەنلەرنىڭ قايسى
بىرسى كىشىنىڭ مەناۋىياتىنى ھاقارەت قىلغان سانالمايدۇ؟
بۇلار، كىشىنى دائىما قورقۇنچ ئىچىدە تۇتۇش، شىددەت
ئىچىدە كۈن ئۆتكۈزۈشكە زورلۇق بولۇپ، كىشىلەرنىڭ
بۇ تۈرلۈك تۇرمۇش شەكلىدىن ھارغىنلىق ھىس ئېتىشى،
ئۇنىڭدىن تويۇشى ۋە ئۇنى لەنەتلىشى تەبىئىدۇر. «كەس-
بى ئىنقىلابچى» سانالغانلار، مەزكۇر جەمئىيەتنى ئىجات
قىلغانلاردۇر، ئۇلار، تەبىئىكى خەلقنىڭ بېشىغا چىقىپ
ئولتۇرغان «يېڭى سىنىپ»، خەلق مەنپەئىتىنىڭ قارىمۇ-قار-
شى ھالىتى.

سەن مىن جۈپىلىق دۆلەتنىڭ ئىش ۋە قابىلىيىتى، خە-
لىققە مەنپەئەت كەلتۈرمەك. شۇڭلاشقا، دۆلەت بىلەن
خەلقنىڭ مەقسەتلىرى بىر ئارىدا. دۆلەت، پالان بىر

سىنىپنىڭ ۋەكىلى ئەمەس، ئومۇمىي خەلقنىڭ مەنپەئەتىگە ۋەكىل.

30 يىللىق تايۋەن زېمىنىمىزدىكى قۇرۇلۇشىدىن تۇغۇلغان سەمەرىلەر شۇنى تەھلىل قىلدى: سىياسەتتە، ئومۇمىي خەلقنىڭ دېموكراتىيىسى؛ ئىقتىساتتا، لايىق دەرىجىدە خۇسۇسىي ئىقتىسات؛ كۆلەملەشكەن مائارىپ؛ ھەممە ھوقۇقتا باراۋەر بولغان ئەدلىيە تۈزۈمى. بۇ تەھلىل تولۇغى بىلەن دۆلەت قۇرۇشتىكى جۇڭگولۇشنىڭ مۇھىم-لىكىنى ۋە جۇڭگو خەلقىنىڭ زەكا ئۈستۈنلىكىنى ئوچۇق-لىدى.

بۇلار، تەجرىبىمىزنىڭ ئۇلى، ئىمانىمىزنىڭ ئاساسى.

بۇلار، جۇڭخۇا مىللىتى ئارزۇلاپ تېپىپ، قايتىدىن ئىجات قىلىنغان يېڭى تۈزۈملەر. بۇ تۈزۈملەر، سەنمىن جۈيى-نىڭ بەخت-سائادەتلىك بۈيۈك تۈزۈمى ئاساسىدا، جۇڭخۇا-نى يېڭى باشتىن قۇرغۇسىدۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# جۇڭگونىڭ پارلاق يولى — سەن مىن جۇبى


تەرجىمە قىلغان : ئابدۇللا تىمەن ئىسمىل ئوغلى

تەسھىلىگەن : ئابدۇللا تىمەن ئىسمىل ئوغلى

ياردەملەشكەن : شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئىش خانىسى.

ناشىرى : جۇڭگو مەسىلىسى تەتقىقات ئىنىستىتۇتى.

نەشرىيات ئورنى : چىن قىتئەسى مەجمۇئەسى. تاي بەي شەھرى، خاڭجو نەنلۇ No.16 پوچتا بىرىكتۈرمە ھىساۋى خانە نومىرى 16956.

ئومۇمى تارقاتقۇچى : لى مىن مەدەنى ئىشلەر تارقاتقۇچىلىقى. تەي بەي شەھەر، شىن يى لۇ 2-كېسىم، No.213 قات 11

باسقۇچى : يۈي-تاي ئورتاقچىلىقىنىڭ جوڭخۇا باسماخانەسى. تاي بەي شىيەن، شىن-دىيەن كەنتى مەدەنىيەت يولى No.2

جوڭخۇا مىنگونىڭ 73-يىلى يېڭى يىل بېشى
(دەستلەپكى بېسىلىشى)

شىن جىڭ يۈەن، شىن ۋېن جۈي، نەشرىيات ئىشلىرى
قەيدى : جۈي-بەن-تەي-يە-دىڭ No. 0942

www.uyghurkitap.com



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى